# يۈەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىككى تارىخىي شەخس ئۆمەر ۋە ئەھمەت توغرىسىدا

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

جۇڭگو تارىخىدا يۈەن سۇلالىسى (مىلادى 1279 — 1368 - يىللار) نىڭ قۇرۇلۇشى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (مىلادى 960 — 1127 - يىللار) بىلەن جىن سۇلالىسى (مىلادى 1115 — 1234 - يىللار) نىڭ ئۆز ئارا ئىركىشىشىدىن بۇيانقى زەئىپ، قالاق ۋە پارچىلىنىش ھالەتتىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگە خاتىمە بېرىپ، بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ھەم ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا زېمىن ھازىرلىدى. مانا بۇ دەۋرلەردە، خۇسۇسەن چىڭگىزخاننىڭ كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ھەر تەرەپكە تارالدى. چۈنكى ئەمدىلا قەبىلىۋى چارۋىچىلىق ھاياتىدىن مەركەزلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن موڭغۇللارنىڭ ئېلىپبە ۋە يېزىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك خەلقلەردىن مەدەنىيەتتە خېلى تۆۋەن تۇراتتى. بۇ ھال ئۇلاردىن موڭغۇل ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىگە زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى زور تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى، مۆتىۋەرلىرىنى ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىگە جەلپ قىلدى. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىپلەر، يازغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، تەرجىمانلار، كاتىپلار، سەنئەتكارلار، ھەربىي گېنېراللار، سىياسىئونلار، مۇتەخەسسىلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىقتىدارلىق كىشىلەر موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى ئورگانلىرىدا ئىمپېرىيە مەركىزىدىن يۆتكەلگەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا تەسىرى بىر قەدەر زور، يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا نىسبەتەن مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە ئۆمەر بىلەن ئەھمەت قاتارلىقلار بولۇپ، تۆۋەندە بىز ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1 . مالىيە مۇتەخەسسىسى ئەھمەت

ئەھمەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر كىچىك كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇ قۇبلايخان ئوردىسىدا (ئەھمەتنىڭ قۇبلايخان ئوردىسىغا

كېلىش جەريانى ئېنىق ئەمەس) داستىرخان بېگى بولغان ھەمدە قۇبلايخاننىڭ ئايالى سابى (察必) خاننىڭ خۇسۇسىي كاتىپى سۈپىتىدە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگەن. شۇ جەرياندا ئۇ ناھايىتى تېزلا قۇبلايخاننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن كۆزگە كۆرۈن-ۈشكە باشلىغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 205-جىلد «ئەھمەت تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، قۇبلايخان تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن جياڭنەن رايونلىرىغا ئۈزلۈكسىز ئەسكەر كىرگۈزۈپ، بۈيۈك بىرلىكنى ۋۇجۇتقا چىقارغان ھەمدە خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشى كۈچلەرنى تازىلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇردا ئىچىدە تۈزۈم بېكىتىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش جەريانىدا ۋەيران بولغان، ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىغان ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جەمئى-يەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرىنى قوللانغان. شۇڭا، بىر تۈركۈم ئىختىسا-سلىق مالىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئېھتىياجغا ماسلىشىشى بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. ئىقتىسادشۇناس، مالىيە مۇتەخەسسىسى ئەھمەت مانا شۇنداق جىددىي ئېھتىياج ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن قۇبلايخاننىڭ مالىيە ئەمەلدارى بولغان ھەم ئەتىۋارلىق. قەدىر-قىممەتلىك ئادەملىرى قاتارىدا ئاۋايلاپ ئىشلىتىلگەن. جۇڭتۇڭنىڭ 3-يىلى (مىلادى 1262-يىلى) ئەھمەت دىۋان پۈتۈكچىسى ھەم ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ يۆتكەپ توشۇش ئەمەل-دارلىقىغا تەيىنلەنگەن.

يۈەن دەۋرىدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ يۆتكەپ توشۇش ئەمەلدارلىرى غەزىنە بەگلىرىنىڭ باج سېلىق-كىرىملىرىنى، دۆلەت غەزىنىسىنىڭ كىرىم-چىقىملىرىنى ۋە بارلىق ماددىي ئەشيالارنى باشقۇراتتى. «يۈەن سۇلالىسى ئەدەبىياتى تۈرلىرى» نىڭ 14-جىلدىدىكى چېيۇ يازغان «ئۇچ كىتاب» تا كۆرسىتىلىشىچە، ئەھمەت ۋەزىردىن تارتىپ پۇقراغىچە بولغان كىشىلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى، نوپۇسىنى، باج سېلىقىنى، جىنايى دىلو ۋە دەۋا-دەستەكلەرنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق بولغان. ئەمما ئاساسلىقى، مالىيە ئىقتىسادنى باشقۇرغان. جۇڭتۇڭنىڭ 5-يىلى (مىلادى 1264-يىلى) ئەھمەت كەيپىڭ مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە تۇڭجىيۈەن (同知院) نىڭ باشلىقى بولغان. مەزكۇر ئورگان تەپتىشلىك، قولغا ئېلىش، دەريا، دېڭىز سۇلىرىدىن مۇدا-پىئە كۆرۈش، خان يارلىقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيتتى. شۇ يىلى ئۇبلاستلارنىڭ مەمۇرىيىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋازارەت تەشكىللەن-گەندىن كېيىن ئەھمەت ۋازارەت مۇئەككەللىكىگە بەلگىلەنگەن ھەم ئىناۋەتدار تۆرە قاتارىدا ۋەزىر بىلەن ھوقۇق جەھەتتىن تەڭلىشىپ، ئالىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بول-

خان. جۇيۈەننىڭ 3 - يىلى (مىلادى 1266-يىلى) دۆلەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈش، ۋازارە-
تى تەسىس قىلىنغاندا، ئۇ بۇ ۋازارەتنىڭمۇ باشلىقى بولغان. بۇ ئورگاننىڭ ئاساس-
لىق ۋەزىپىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قاتناش، ترانسپورت، كىرىم - چىقىم، غەزنە،
ئامبار، باج - سېلىق قاتارلىق مۇھىم ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن،
ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان، ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق قىيىن ۋە مۇرەككەپ
ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ناھايىتى تەس ئىدى. سەھۋەنلىك كۆرۈلسە باش
كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ياكى ئۆمۈر ۋايەت قاماقتا ياتاتتى. ئەمما ئەھمەت
سەگەك، ھوشيار ئادەم بولغاچقا، مالىيە - ئىقتىساد باشقۇرۇشتىكى بىلىمى ۋە تەجرى-
بىسىگە تايىنىپ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى ۋازارەت
بىرلەشتۈرۈلگەندە ئەھمەت يەنىلا بۇنىڭغا مۇئەككەل بولغان. قىسقىسى، ئۇنىڭ سىياسىي
جەھەتتىكى ئابرويى كۈنسايىن ئۆسۈپ بارغان.

※ ※ ※ ※

ئەھمەت قۇبلايخاننىڭ مالىيە - ئىقتىسادىنى 20 يىل باشقۇردى، ئۇ، دۆلەتنىڭ
كىرىمىنى تولۇقلاپ، ھەربىي مەمۇرىي خىراجەتلەرنى تەڭشەپ تەقسىم قىلىپ، مالىيە-
دىكى نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشىدى، تەرتىپكە سالدى. قۇبلايخان ھۆكۈمەت
ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. شۇڭا، قۇبلايخان ئۇنىڭغا چىن
دىلىدىن ئىشەندى، ئۇنى ماختىدى ۋە ئۇنىڭ مالىيە - ئىقتىسادنى باشقۇرۇشتىكى ئىقتىدارىغا
ئاپىرىن ئوقۇدى. لېكىن، ئەھمەت 20 يىللىق مالىيە - ئىقتىساد باشقۇرۇش جەر-
يانىدا زادى قانداق كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؟ بۇ ھەقتىكى تارىخىي مەن-
بەلەر يېتەرسىز بولغاچقا، ئۇنى ھازىرچە نەق ماتېرىياللار بىلەن دەلىللەش مۇمكىن
بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، پەقەت يۈەن دەۋرىگە ئائىت تارىخنامىلاردىكى قۇبلايخان
زامانىغا، بولۇپمۇ، ئەھمەت مالىيە ھوقۇقىنى باشقۇرغان مەزگىللەردىكى مالىيە - ئىق-
تىساد ئەھۋاللىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن تارىخنامىلار-
دىكى يېزا ئىگىلىك، كانچىلىق، مېتالچىلىق، باج - سېلىق، قول سانائەت، چارۋىچىلىق
ھەم پۇل چىقىرىش، تارقىتىش قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئەھۋاللىرىنى ئۇنىۋېرسال
تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئەھمەت بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق
ھالدا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 6 - جىلد «قۇبلايخان توغرىسىدا خاتىرە» دىكى
بايانلارغا قارىغاندا، قۇبلايخان ۋەيران بولغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا خېلى ئەھمىيەت بەرگەن. جىزيۈەننىڭ 6 ـ يىلى (مىلادى 1269 ـ يىلى) ئۇ بارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىغا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە، دېھقان ۋازارەت مۇئەككىلىدىن مەخسۇس ئەمەلدار ئاجرىتىپ ھەر قايسى ئوبلاست، ناھىيىلەرگىچە ئەۋەتىپ، تەپتىش سۈپىتىدە تۇرغۇزغان. ئىككىنچى يىلى دېھقانچىلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن 40 ماددىلىق قانۇن چىقارغان[1]. بۇ مەزگىلدە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن غەربىي رايونلىرىنىڭ دوستانە ئالاقىسى قويۇقلاشقان، شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىقى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئومۇملاشقاق ھەمدە پاختا، يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى يۈكسەلگەن، شىنجاڭدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر ئۇستىلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلىشى ۋە نەلىرۇ شاگىرتلارنى كۆپلەپ تەربىيىلىشى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قول ئورنىغا چۈشۈپ قالغان خەنزۇ خەلقىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا زور رول ئوينىغان.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 6 ـ جىلد «قۇبلايخان توغرىسىدا خاتىرە» بىلەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 205 ـ جىلد «ئەھمەت تەزكىرىسى» دىكى بايانلارغا قارىغاندا، ئەھمەت مالىيە ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پاختىچىلىق، يىپەكچىلىكنى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر ئۇستىلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق دۆلەت مالىيەسىنى ياخشىلاش ۋە غەزىنىلەرنى تولدۇرۇش ھەققىدە قۇبلايخانغا كۆپ قېتىم تەكلىپ بەرگەن. بۇ ھەقتە چارە تەدبىر تۈزۈش ۋە ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت ئۈزۈلدۈرمەي يولغا قويۇشقا ئەھمەت بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان مەسىلەن، ئەھمەت جۇڭتۇڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادى 1263 ـ يىلى) خەزىنىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغان ھەم جۈن، شۇ قاتارلىق ئوبلاستلاردا كانچىلىق، مىتالچىلىق ئورۇنلىرىنى كۆپلەپ قۇرۇپ، بىر يىلدا 130 تۈمەن 7 مىڭ جىڭ تۆمۈر ئىشلەپچىقارغان. بۇنىڭدىن 20 تۈمەن دانە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياسىتىپ، ئۇنى دېھقانلارغا سېتىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق 40 مىڭ دەن ئاشلىقنى دۆلەت غەزىنىسىگە كىرىم قىلدۇرغان. بۇ ئەھۋاللارنى خانبالىقتىكى (بېيجىڭدىكى) ئەمەلدار، تۆرىلەر ۋە قۇبلايخان ئاڭلاپ، ئەھمەتنىڭ ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۆلەت غەزىنىسىنى باشقۇرۇشتىكى قابىلىيىتىگە قايىل بولۇشقان. جىزيۈەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادى 1266 ـ يىلى) ئەھمەت يەنە تۇز، چاي، ھاراق، ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر ـ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش بىلەن پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇ تەكلىپ مۇۋاپىق دەپ قارالغاچقا، دەرھال ئىجرا قىلىش قارار

قىلىنىپ، ئالدى بىلەن ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كانچىلىق، مېتاللىچىلىق ئورۇنلىرى قۇرۇلغان. كېيىنكى يىلى باش مېتاللىچىلىق باشقۇرۇش مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، بەلگىلىكتىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ كانچىلىق، مېتاللىچىلىق ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. بۇ مەھكىمىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە كەسپىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان . ئۇنىڭدىن كېيىن تۇزچىلىق، چايچىلىق، مەي-شاراپچىلىق، ئالتۇن ، كۈمۈش، تۆمۈر ...... تاۋلاش قاتارلىق كەسىپلەرمۇ يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. دۆلەت تەرىپىدىن سېتىلغان، سودا بېجى قاتارلىق 32 خىل باج ئېلىنغان، بۇلار ئوردىنىڭ مۇھىم مالىيە كىرىمى بولۇپ قالغان ھەمدە پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان. بۇ ئەھمەتنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى ۋە پىلانلىشى بىلەن يولغا قويۇلغان ئىش بولغاچقا، تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرىنىڭ غۇلغۇلىسىنى قوزغىغان. جۇڭتۇڭ، جىژيۈەنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوردا مالىيەسىنىڭ باج كىرىملىرى كۇنسايىن ئازايغان ھەم پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالايمىقانلاشقان بولسا، ئەھمەت مالىيە ئەمەلدارى بولغاندىن كېيىن تۈرلۈك كىرىم جۈملىدىن باج كىرىمى كۆپىيىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكەن. مالىيە ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ باج كىرىم يوللىرى راۋانلاشقان. شۇندىن كېيىن باج تۈزۈمى مۇقىملىشىپ ئادەتتىكى سودىدىن ئوتتۇزدا بىر پىرسەنت، ئىچكى - تاشقى سودىدىن ئوتتۇزدا بىرپىرسەنت، كېرەكسىز ماللار سودىسىدىن ئونبەشتە بىر پىرسەنت باج ئالىدىغان ئۆلچەم تۇرغۇزۇلغان. مال باھاسى مۇقىملىشىپ، دۆلەت ۋە پۇقرالار-نىڭ كىرىم مەنبەسى كۆپەيگەن. پۇل - مۇئامىلىدىكى قالايمىقانچىلىقلار تىزگىنلىنىپ، تەرتىپ بىلەن ئىزىغا چۈشكەن. جىژيۈەنىنىڭ 16-يىلى (مىلادى 1279- يىلى) 9 - ئايدا ئەھمەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باج كىرىمىنى ھېسابلاپ كۆرگەن. ھەم بەزى جايلار-نىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بېجى ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، مەھكىمىدىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ مالىيە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. ئەھمەت ئۆزى سەنشى ئۆلكىسىنى تەكشۈرگەن. نەتىجىدە ئۇ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يىللىق باج كىرىمى ئارانلا 19 مىڭ قاداق بولىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر تەدبىر قوللىنىپ تۈزۈم بويىچە باج ئېلىنسا يىللىق باج كىرىمى 40 مىڭ قاداققا يېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ھەر قايسى ئوبلاستلاردا نازارەتچى تۇرغۇزغان. ئىككى يىلدىن كېيىن سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يىللىق باج كىرىمى 54 مىڭ قاداققا يېتىپ ئەسلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشقان[1]. ئەھمەت بۇ چاغدا ئەھۋالنى قۇبلايخانغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئۇ ھەيران بولۇپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇنى مىڭ قاداق ئالتۇن بىلەن تارتۇقلىغاندىن سىرت، ئۇنىڭغا ئىدىڭ ئالمي ئەمەلدار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى جاكالىغان. ئەھمەت

مالىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە يەنە جۇڭگاۋ ( ئالا ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل مالىيە ئىقتىساد تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويغان. يەنى ئوردىدىن ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرگىچە خادىم ئەۋەتىپ كىرىم-چىقىم ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ، تۆۋەندىكى ئەمەلدار-تۆرىلەرنىڭ دۆلەتكە تەۋە ماددىي ئەشيا ۋە پۇل - پۇچەكلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىش، ئالدامچىلىق، كۆز بويامچىلىق قىلىش، يالغان مەلۇم قىلىشتەك ساختىپەزلىكلىرىگە زەربە بەرگەن. مەسىلەن: يەرلىكتىكى بەزى ئەمەلدارلار ئۇنۇملۇك يەرلەرنى ئاق تاشلىۋەتكەن ياكى ناچار يەرلەر قاتارىدا مەلۇم قىلغان. بەزىلىرى نامرات دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، بېجىنى يەنىلا ئۇلارغا يۈكلىگەن. بەزىلىرى نوپۇسنى يالغان مەلۇم قىلغان. بەزىلىرى باج-سېلىقنى شەخسىي يىغىۋالغان ......

ئەھمەت دىۋان مۇئەككىلى ۋە مالىيە-ئىقتىساد ئەمەلدارى بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا نوپۇس سانىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنى چەكلەش ئۈچۈن بىر يۈرۈش قائىدە تۈزۈملەرنى بېكىتىپ ئىجرا قىلغان. قۇبلايخاننىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ مائاشىدا بەلگىلىمە بولمىغان. شۇڭلاشقا ئوردىدىكى ئەمەلدارلار غەزىنىدىن خالىغانچە پۇل ئېلىپ ئىشلىتىشتىن سىرت، يېقىنلىرىنى قاداق ئالتۇن بىلەن تارتۇقلاش، ئىسراپ قىلىش، ئورۇنسىز چىقىم قىلىش بىلەن مالىيەنى قالايمىقانلاشتۇرغان. ئادەتتىكى مالىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇلارنى توسۇش ياكى تىزگىنلەشكە كۈچى يەتمىگەن. بۇ، نورمال ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى ئورنىتىشقا زور توسالغۇ بولغان. ئەھمەت بۇنى بايقىغاندىن كېيىن جىزيۇەننىڭ تۇنجى يىلى ھەل قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئورۇش ۋەزىيىتى ئۇنىڭغا يول قويمىغان. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۈزۈم بەلگىلەپ ئېلان قىلىپ، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ سانىنى ئازايتىپ، ئۇلارنى دەرىجىگە ئايرىغان ھەم دەرىجىگە قاراپ مۇئاش ۋە تېرىلغۇ يەر بىلەن تەمىنلىگەن. يەنە ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىپادىسىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، نەتىجىسىگە قاراپمۇ مۇئاش بەرگەن. جىزيۇەننىڭ 3-يىلىغا كەلگەندە ئەھمەت (بۇ ۋاقىتتا ئۇ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى قوشۇمچە دۆلەت تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان) پايتەخت، مەھكىمە، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ مائاش ۋە ۋەزىپە يەرلىرى (تېرىلغۇ يەر) نى تۇراقلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش رەسمىي بەلگىلىمە چىقارغان. جىزيۇەننىڭ 7-يىلى ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققى تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش بەلگىلىمە ئېلان قىلىپ يولغا قويغان. بۇ ئىش شۇندىن كېيىنلا دۆلەتنىڭ

مۇھىم بىر تۈزۈمى شەكلىدە مۇقىملىشىپ، مالىيەدىكى چوڭ بىر قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىلگەن. قۇبلايخان بۇ مۇئاش تۈزۈمىنى قانۇن تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن ھەمدە كىمدۇكىم مائاش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇنىڭ تۆھپىسى، خىزمەت دەرىجىسى ياكى يۈز ئابرۇيىغا قارىماي جازالاشنى جاكالىغان. شۇندىن كېيىن مالىيە تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغان بىر قانچە چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار قاتتىق جازاغا ئۇچرىغان. ھەتتا بەزىلىرى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان. مەسىلەن: جىيۈەننىڭ 4-يىلى داڭدار دورغاچ ئەيلىزبىلەن جاڭسىپەن[5] قاتارلىقلار ئوردا غەزىنىسىدىكى پۇللارنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ پالانغان[6]. ئەھمەت يۈەن سۇلالىسىنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىنى باشقۇرۇۋاتقان ۋاقىتلاردا قەغەز پۇل قانۇنىمۇ مالىيە - ئىقتىسادنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. ئەھمەت مالىيە ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاننىڭ 3-يىلى، يەنى جىيۈەننىڭ تۇنجى يىلى ناھىيە دەرىجىلىك ھەر قايسى ئورۇنلارغا نورمال پايدا غەزىنىسىنى تەسىس قىلىپ، ھەر قايسى غەزىنىلەرگە 12 مىڭ قاداقتىن قەغەز پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوبوروت قىلىشىغا دەسمىي سېلىپ بەرگەن ھەمدە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ - سېتىش، مال باھاسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ۋە قەرز بېرىش، ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلغان. شۇڭلاشقا، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىمۇ: «قۇبلايخاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەغەز پۇل راۋاجلىنىپ، خەلقلەر ئۇنىڭدىن نەپ ئالغان» دېيىلگەن[7].

چىيەنجياجۇي بىلەن گوۋيەنگاڭ بىرلىكتە يازغان «جۇڭگو پۇل تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە گىرافىك چۈشەندۈرۈلۈشى» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەغەز پۇل قانۇنى ئۆتكەن ھەر قانداق سۇلالىلەرنىڭ پۇل قانۇنىدىن قاتتىق بولغان ھەمدە دۇنيا پۇل تۈزۈمى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى ساپ پۇل، پۇل ئوبوروت تۈزۈمى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئۆلگىسىمۇ بولمىغان. يۈەن دەۋرىدە تۇز، چاي، ھاراق قاتارلىقلارنىڭ بېجى ئۈچۈن قەغەز پۇل ئېلىنغان بولۇپ، بازار سودىسى ۋە باشقا ئېلىش - سېتىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭ رولى ۋە ئوبوروتى زور بولغان ھەتتا ھەربىي خىراجەتلەرگىمۇ قەغەز پۇل ئىشلىتىلگەچكە، بىر زامان راسا بازار تېپىپ، كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىلغان. لېكىن جىيۈەننىڭ 17 - يىلى (مىلادى 1280 - يىلى)دىن كېيىن بۇ قەغەز پۇللار پاخاللىشىشقا باشلاپ، مال قىممەتلەشكەن، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەن. جىيۈەننىڭ 24 - يىلى (مىلادى 1287 - يىلى) قۇبلايخان دىۋان مۇئەككەللىرى، دانىشمەنلەر يۇرتى، دانىشمەنلەر

سارىيى ۋە دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدىكى بارلىق ئەمەلدار - مەسلىھەتچى، ئۆلىمالارنى يىغىپ قەغەز پۇل مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان. نەتىجىدە مەخسۇس پۇل باشقۇرىدىغان دىۋان ۋازارىتىنى تەسىس قىلىش بىلەن بىللە، جۇيۈەن يىللىرىدىكى قەغەز پۇل بىلەن جۇڭتوڭ يىللىرىدىكى قەغەز پۇللارنى ۋە ئەھمەت تارقاتقان قەغەز پۇللارنى ئوخشاش ئاقىدىغان قىلىپ بەلگىلىگەن. ئەمما تۈپكى مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىغان. دادى يىللىرىغا كەلگەندە مالىيە قالايمىقانلىشىپ قەغەز پۇل پاخاللاشقان.

ئەھمەت گەرچە مالىيە مۇتەخەسسىسى ۋە ئەمەلدارى بولغان بىلەن ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا باش قېتىشچىلىقى بولۇپ تۇرغان. چۈنكى بىر تەرەپتىن تۈزەپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇزۇلۇپ تۇرغاچقا، مالىيە قالايمىقانچىلىقىنى تۈپتىن ئوڭشاشقا شارائىت ۋە زامان يار بەرمىگەن. مالىيە خىزمىتىدە كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش تۈپكى پرىنسىپ بولسىمۇ، ئەمما باشقۇرۇش دائىرىسى كەڭ، غەزىنىلەر تارقاق ھالەتتە بولغاچقا، بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىش تەسكە توختىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەھمەت گەرچە قۇبلايخاننىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان قابىلىيەتلىك مالىيە مۇتەخەسسىسى ۋە يېقىن ئادىمى بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئىمپېرىيە مالىيەسىنى باشقۇرالمىغان. پەقەتلا كىرىمنى مۇستەقىل باشقۇرۇپ، چىقىم قىلىشتا چەكلىمىگە ئۇچرىغان. شۇڭا بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مالىيە - ئىقتىساد باشقۇرۇشتا ئەھمەت ئۈنۈملۈك پىلان تۈزەلمىگەن. قۇبلايخان سۇڭ سۇلالىسىنى تىنچىتىش، ياپونىيىگە يۈرۈش قىلىش ۋە مۇستەقىل كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشلىرىدا ھەربىي خىراجەتكە نۇرغۇن چىقىم ئاجراتقان بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان گېنېرال. ھەربىلەرگە مىڭ سەردىن ئاق كۆمۈش بەرگەن. شۇ قاتاردا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلار غەمۇ خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ھېسابىدا زىنچا ئالتۇن، ئاق كۆمۈش ۋە قەغەز پۇل تارقىتىپ، ئۇلارنى ئوردا نامىدىن تارتۇقلىغان. قۇبلايخان يەنە ئۆزىنىڭ كەڭ قورساق، ئادىل خان ئىكەنلىكىنى خەلققە تونۇتۇش يۈزىسىدىن ھەر قايسى جايلاردىكى تۈرلۈك ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ يىللىق بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ھەمدە ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش، يېتىم - يېسىرلار، مىسكىنلار ۋە قېرى - ئاجىز كىشىلەرگە ئىمپېرىيە غەزىنىسىدىن ئىلتىپات قىلغاندىن سىرت مۇراسىم ئىشلىرى، دىنىي ئىشلار ۋە ئوردا ئىشلىرىغا بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلغان ئالتۇن كۈمۈشلىرىمۇ ھەددى-ھېسابسىز بولغان. شۇڭا ئەھمەتنىڭ كىرىم بىلەن چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پىلانى

ئەمەلگە ئاشمىغان. ئەكسىچە كىرىم ئاز، چىقىم كۆپ بولۇش ئەھۋالى داۋاملىشىۋەرگەن. جىيۈەننىڭ 3 - يىلى ئەھمەت دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى، قوشۇمچە دۆلەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، قۇبلايخانغا «دۆلەت چىقىمى كۆپىيىۋاتىدۇ. كېيىنكى يىللاردا غەزىنە قۇرۇقدۇلۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتىمىز. بۇنى خان يارلىقى بىلەن تىزگىنلىسەك» دەپ تەكلىپ بەرگەن ⑧. ئەمما ئادەتتىكى چىقىملار بىر مەھەل تىزگىنلەنگەن بولسىمۇ، ھەربىي چىقىم ئىلگىرىكىدەكلا كۆپىيىۋەرگەن. جىيۈەننىڭ 3 - يىلى قۇبلايخان ھەربىي چىقىملار بىلەن ئوردىدا بېرىلىدىغان زىياپەتلەر چىقىمىنى ئازايتىشقا پەرمان چۈشۈرگەن. جىيۈەننىڭ 6 - يىلى يەنە «ئۆتۈك ۋە ئوقيا قاتارلىقلارنى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەشكە بولمايدۇ» ⑨ دەپ پەرمان چۈشۈرگەن. جىيۈەننىڭ 7 - يىلى قۇبلايخان يەنە «كېلەر يىلى تەيمياۋ ئىبادەتخانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇئا - تىلاۋەت مۇراسىمىغا خانغا قاراشلىق باغلاردىكى مېۋە - چېۋىلەر ئىشلىتىلسۇن، ھەرگىز پۇل چىقىم قىلىپ بازاردىن ئېلىشقا بولمايدۇ» ⑩ دەپ پەرمان چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى بەزى چىقىملار ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما چوڭ چىقىملار يەنىلا ئەسلىدىكى بويىچە چىقىم قىلىنىۋەرگەن. جىيۈەننىڭ 31 - يىلى (مىلادى 1294 - يىلى) قۇبلايخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەھمەت يەنىلا مالىيە ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇ پادىشاھ يۈەن چىڭزۇ تېمۇرغا مالىيە - ئىقتىساد تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما تېمۇرمۇ ئۆزى خالىغانچە چىقىم قىلدۇرغان. فېئودالىزم شارائىتىدىكى موڭغۇل خاندانلىقىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد كىرىمى ئاساسلىقى، خان، پادىشاھ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىشكە سەرپ قىلىناتتى. ئەھمەت ئارتۇقچە چىقىمنى چەكلەش ياكى تەدبىر قوللىنىپ كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ئەينى ۋاقىتتا خان - پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم ۋەزىر، تۆرىلەر زور مىقداردىكى سۆيۈرغاللىق يەرلەرنى ئىگىلەشتىن سىرت، يەنە ئوردىنىڭ ئىنئام تارتۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلار يەنە تۈرلۈك ئىمتىيازلىرىغا تايىنىپ ئىمپېرىيىگە قاراشلىق ھەر قايسى جايلاردىكى غەزىنىلەردىن خالىغانچە چىقىم قىلاتتى. شۇڭا، ئەھمەت بۇنداق ئىشلارنى چەكلەشكە چارىسىز قالغان. جىيۈەننىڭ 7 - يىلى ئەھمەت ئوردىغا تەكلىپ بېرىپ «بۈگۈندىن ئېتىبارەن بەگزادە، خانزادىلەر ۋە چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار پۇل ئېلىشقا توغرا كەلسە چوقۇم خانلارنىڭ يارلىقىنى ئېلىپ كېلىشى شەرت» دەپ بەلگىلىمە چىقارغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنى ئاز تولا تىزگىنلەپلا ئوردىنىڭ نورمال مالىيە چىقىمىنى ئازايتالمىغان. ئەھمەت ھەتتا قۇبلايخانغا كۆپ

قېتىم تەكلىپ بېرىپ، مەخسۇس مالىيە ـ ئىقتىساد تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇشنى ھەم چوڭ چىقىملارغا خان ئۆزى ئىمزا قويۇشنى ئېيتقاندا، قۇبىلايخان ئۇنىڭغا «بۇ سىلەرگە ئوخشاش ۋەزىرلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك گېپى ئەمەس، بۇ مېنىڭ ئىشىم» دەپ جاۋاپ بەرگەن . شۇنداق قىلىپ ئەھمەتنىڭ مالىيە جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بىكار بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادى ئەھۋالى خارابلىققا يۈز تۇتقان . ئەھمەتمۇ زامانىغا بېقىپ ئىش باشقۇرىدىغان بولۇپ قالغان ھەم دۆلەت غەزىنىسىنى خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىپ، يېقىنلىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن تارتۇقلاپ ئۇلاردىن پايدىلانغان.

• • •

ئەھمەتنىڭ ھوقۇقى ئۆسۈشكە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەھمەتكە بولغان ھۇجۇمى بارغانسېرى كۈچەيگەن. موڭغۇل ۋەزىر ئۇنىڭغا ئاپا ـ تەنە قىلسا، قول ئاستىدىكى خەنزۇ ئەمەلدار شۈيمخىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىققان. «ئۆز بېشىمچى» ،«چىرىك» دېگەن جىنايى بەتناملار دائىم ئاڭلىنىپلا تۇرغان. شۇنداقتىمۇ ئەھمەت يەنىلا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشكە تىرىشقان. تېگىشلىك پىكىر بېرىشكە جۈرئەت قىلغان، ھەتتا بەزى ئىشلارنى خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈز تۇرانە بېجىرگەن. بەزىدە قارشى تەرەپنى قورقۇتۇپ، گەپ سۆز قىلىشقا پەتىندۇرمىغان. بىر قېتىم ۋەزىر ئەندۇڭ ئەھمەتنى قارىلاپ «خۇسۇسىي ئادەملىرىنى ئۆستۈرۈپ ئىشقا سالدى. ئۇلارنى ئەمەلدار تەيىنلەش مەھكىمىسى نامزات كۆرسەتمىدى، ئوردىغا ئەنگە ئالدۇرماي ئىشلەتتى» دېگەندە، ئەھمەت قۇبىلايخاننىڭ ئالدىدا مۇنازىرىلىشىپ، «مالىيە ئىشى تەخىرسىز ئىش، ھەر قايسى غەزىنىلەرگە ئىش بېجىرىشكە ئادەم بەرمىگەندىن كېيىن، مەن ئادەم ئېلىپ ئىشلىتىشكە ئەلۋەتتە ھوقۇقلۇقمەن» دېگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەر قايسى غەزىنىلەردە ئىشلەيدىغان، قابىلىيەتلىك مالىيە خىزمەتچىلىرى ئەھمەت تەرىپىدىن ئىشقا قويۇلغان ھەم كەسىپ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغان. مەسىلەن: ئەھمەت بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن جاڭ خۇي قاتارلىق يۈزگە يېقىن مالىيە خادىملىرى ئەنە شۇنداق ئادەملەردىن ئىدى.

بىر قېتىملىق ئوردا يىغىنىدا ۋەزىر ئەندۇڭ بىلەن شۈيمخىڭ قاتارلىقلار ئەھمەتنىڭ خاتالىقىنى پاش قىلىش باھانىسى بىلەن ئۇنى قارىلاپ تۆھمەت چاپلىغان، ھەتتا ئاشكارا قارشى چىقىپ ئەھمەتكە زىيانكەشلىك قىلىشماقچىمۇ بولۇشقان. ئەھمەت گەرچە ۋەزىر دەرىجىلىك ئەمەلدار ھەم مالىيە ـ ئىقتىسادنى باشقۇرىدىغان مۇھىم ئادەم بولسىمۇ،

ئەمما تۈز كۆڭۈل ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان ئادەملەر پات - پاتلا چېقىپ تۇراتتى. بىر قېتىم قۇبلايخان شۈيمىخىڭنى چاقىرتىپ پىكىر ئالغاندا، ئۇ قۇبلايخانغا «ئەھمەتنىڭ ئەمەلى بەك چوڭ. ئۇ ھازىر ئاسىيلىق قىلىش يولىغا مېڭىۋاتىدۇ» دېگەن. قۇبلايخان بۇ گەپنى ئەھمەتكە يەتكۈزگەن. ئەھمەت ئاچچىقلاپ ۋاقىرىغان ھەم شۈيمىخىڭنى تېپىپ ئۇنىڭغا «سەن مېنى نېمىشقا ئاسىيلىق يولىغا ماڭدى دەيسەن؟» دېگەن. شۈيمىخىڭ ئۇنىڭغا «تارىختىن بۇيانقى ئاسىيلارنىڭ ھەممىسى ھوقۇقى چوڭ بولغانلىقتىن ئاسىي بولغان. سېنىڭ ئاسىيلىق قىلغىنىڭ بولمىسا نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭ بىلگەن يولغا ماڭمەسەن؟» دېگەن [1]. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن. شۇ ۋاقىتلاردا يەنە بىر نەچچە ئەمەلدار ئەھمەتنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ «ھوقۇقى زىيادە ئۆسۈپ كەتتى. ئوغۇللىرىنىڭ ئەمەلىنى ئۆستۈرۈپ يېقىن كىشىلىرىنى خالىغانچە ئەمەلدارلىققا ئۆستۈردى ...... ۋەھاكازا ...» دېيىشكەن. بۇنداق گەپلەر ئوردا ئىچىدە تارقىلىۋەرگەچكە، ئەھمەت ئوردىدىن بىزار بولغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئەھمەت يەنە قۇبلايخانغا ئىلتىماس قىلىپ، ئوغۇللىرىنىڭ ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلاشنى، ئۆزىمۇ خالىغان بىر جايغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىشنى ئېيتقان. چۈنكى ئەھمەتنىڭمۇ توغرا يول تۇتماي چىرىكلەشكەن تەرەپلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى خۇشىن، جىزيۈەننىڭ 6 - يىلىدا خانبالىق (بېيجىڭ) ئوبلاستىنىڭ باش ۋالىيسى، قوشۇمچە داشىڭفۇ مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان بولۇپ، ھوقۇق ۋە ھەربىي كۈچى زور ئىدى. يەنە تېخى مەركىزىي مەخپىيەتلىك ئورگىنى ئۇنى ئۆزلىرىگە ئەمەلدار قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولغاندا، قۇبلايخان قوشۇلمىغان ھەم «خۇشىن بىر سودىگەر تۇرسا ھەم مەخپىيەتلىك ئىشلىرىدىن خەۋىرى بولمىسا، قانداقمۇ ئۇنى بۇنداق مۇھىم خىزمەتكە قويغىلى بولسۇن؟» دەپ رەت قىلغانىدى. جىزيۈەننىڭ 16 - يىلى خۇشىن جاڭشەن مەمۇرىي ۋىلايىتىگە يۆتكىلىپ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. ئەھمەتنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەسئۇد جياڭنەن رايونلىرىنى تىنچىتقاندىن كېيىن خاڭجۇغا دورغاچ بولغان. ئۈچىنچى ئوغلى ئاسان، تۆتىنچى ئوغلى جىندۇ ۋە نەۋرىسى زەينىدىن، بەدىردىن ۋە شەمشىدىن قاتارلىقلارنىڭ بەزىسى ۋالىي، بەزىسى دورغاچ، بەزىسى گېنرال قاتارلىق مۇھىم ھوقۇقلارنى ئىگىلىگەن. ھەتتا ئەھمەتنىڭ ئائىلە مالىيە خۇدۇتار قاتارلىقلارمۇ خانبالىقتا مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى بولغان.

ئەھمەت 20 يىل مالىيە ئەمەلدارى بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى كەڭ، ھىمايە قىلىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى سىرتىدا، ئىجتىمائىي جەھەتتىنمۇ داڭدار بايلاردىن سانىلاتتى. شۇڭلاشقا كېيىنچە سۈپىتى ئاينىپ چىرىكلەشكەن ھەم ئۆزى خان،

ئۆزى بەگ بولۇۋېلىپ، بەزى ئەسكى ئىشلارنى قىلغان، ھەتتا بەزى ئەمەلدارلارنى كۆزىگە ئىلماي. ئۇلارنىڭ ئوردىدىكى يۈز - ئابرويىنى تۆككەن. شۇڭلاشقا ئەھمەتكە قەست قىلىدىغانلارمۇ كۆپەيگەن. بولۇپمۇ مەخپىيەتلىك نازارىتىنىڭ ئەمەلدارى جاڭيى ئەھمەت بىلەن دۈشمەنلىشىپ ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلغۇچىلارنىڭ باشچىسى بولۇپ قالغان [13]. جىزيۈەننىڭ 17 - يىلى (مىلادى 1250 ) 2- ئايدا جاڭيى قۇبلايخانغا بىر رەمبال راھىبنى تونۇشتۇرغان ھەم ئۇنى رەم سېلىپ ئالدىن بىلەلەيدۇ دەپ ماختاپ، ئەھمەتنىڭ كەينىگە پايلاقچى قىلىپ قويغان. جىزيۈەننىڭ 19 - يىلى (مىلادى 1282 - يىلى) 3 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كېچىسى قۇبلايخان ۋەباشقا ئەمەلدارلار دۇئا - تىلاۋەتكە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جاڭيى، رەمبال راھىب ۋە مىڭبېشى ۋاڭجۇ قاتارلىقلار قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەھمەتنى ئالداپ سىرتقا ئېلىپ چىققان ھەم ئۇنى بولقا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. ئەتىسى قۇبلايخان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئەھمەتكە سۇيىقەست قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرىغان [14]. ۋەقەدىن كېيىن قۇبلايخان ئوردىدىكى بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ، مەخپىيەتلىك ئورگىنىنىڭ ئەمەلدارى بولۇشنىڭ ئەھمەت ئۈستىدىكى پاش قىلىش دوكلاتىنى ئاڭلاتقان ھەم ئەھمەتنىڭ جىنايەتلىرى سۈرۈشتۈرۈلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئىمپېرىيىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن كۆپلەپ ئەسكەر ئالغاننىڭ سىرتىدا، كېمە ياسىغۇچىلار، تۆمۈرچىلەر، ياغاچچىلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنى كۆپلەپ ئىشلىتىپ، خەلققە ئېغىر زۇلۇم سالغاچقا، خەلق قارشىلىقى ۋە قوزغىلاڭلىرى كەينى كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان. شۇڭلاشقا بۇ خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ سەۋەبى ئەھمەتكە يۈكلەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئەھمەت كۆرۈۋھۇزلۇق قىلىپ ئەتراپىغا ئادەم توپلىدى، ئەھمەت گۇرۇھدىكىلەر دۆلەت غەزىنىسىنى بۇزۇپ چاچتى، دېگەن خاتالىقنى ئارتقان. شۇ سەۋەبتىن ئەھمەتنىڭ ئائىلە مالىيى ۋۇدۇتار قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلى ئېلىپ تاشلانغان. ئارقىدىن ئەھمەتنىڭ تۆت ئوغلى ۋە زەينىدىن قاتارلىق نەۋرىلىرى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان. جۇڭشۇشىڭغا قاراشلىق ئورۇنلاردا ئەھمەت گۇرۇھىدىكىلەردىن 714 ئادەم بولۇپ، ئۇلار دىن 133 ئادەمنىڭ ئەمەلى ئېلىپ تاشلانغان، قالغان 581 ئادەمنىڭ بەزىلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، قايتا ئەمەلگە قويۇلغان. ئەھمەتنىڭ ئائىلىسىدىكى بارلىق مال - مۈلۈكلىرى، جۈملىدىن نەچچە مىڭ قاداق پۇل، ئالتۇن، كۆمۈش، ئەھمەتنىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مىبلەغ سالغان دوكاندىكى ماللار، شەخسىي قۇللىرى ئىگىلەپ تۇرغان يەرلەر، رەخت ۋە يىپەك يىپلار مۇسادىرە قىلىنغان. مۇسادىرە قىلىنغان ئات، تۆگە، كالا، قوي، ۋە ئېشەك 3758 تۇياققا يەتكەن [15].

يىغىپ ئېيتقاندا، مالىيە مۇتەخەسسىسى ۋە ئىقتىسادشۇناس ئەھمەتنىڭ ھاياتى قۇبلايخاننىڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ۋەزىيەتنى تىنچىتىش جەريانى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، مالىيە - ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن توپلىغان زور مىقداردىكى باج ۋە مالىيە كىرىمىنىڭ ھەممىسى خەلقنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بەدىلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ فېئودالىزم جەمئىيىتى ۋە فېئوداللىق ھوقۇق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە ئىدى. ئەھمەتنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى شۇ ۋاقىتتىكى سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەت ۋە گۇرۇھۋازلىق كۈرىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى.

## 2 . سەئىد ئەجەل ئۆمەر

سەئىد ئەجەل شەمسىددىن ئۆمەر (1211 — 1279) يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان داڭدار سىياسىئون ھەم يۈننەن قاتارلىق جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى سەئىد ئەجەل شەمسىددىن ئۆمەر (赛典赤赡思丁乌马儿) بولۇپ، ئۇنىڭغا يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە ئەرەبچە ئىسىم قويۇلغان. يەنى سەئىد ئەجەل دېگىنى — ھىجرە شان - شەرەپلىك پەيغەمبەر ئەۋلادى دېگەن مەنىنى، شەمسىددىن دېگىنى دىنىنىڭ قۇياشى دېگەن مەنىنى، ئۆمەر دېگىنى ئۇزۇن ئۆمۈر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

1

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 125 - جىلد «سەئىد ئەجەل شەمسىددىن تەزكىرىسى»- دە كۆرسىتىلىشىچە، شەمسىددىن دەسلەپتە چىڭگىزخاننىڭ غەربىي يۈرۈشىدە قارا ئۆللۈق قىلىدىغان ئەسكەرلەرگە باشلىق بولغان، كېيىن موڭغۇل قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئوگداي خان تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن، شەمسىددىن فېڭجۇ، چىڭجۇ، يۈنجۇ دىن ئىبارەت ئۈچ ئوبلاستقا (يەنى بۈگۈنكى داتۇڭ شەھىرىنىڭ غەربىي - شىمالى بىلەن كۆكخوت شەھىرى ئەتراپى) دورغاچ (达鲁花赤) بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نامىدىن خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. كېيىن تەيۈەن، پىڭياڭ ئىككى ئوبلاستنىڭ دورغاچى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنجىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ) ئوبلاستىنىڭ كېسىم ئىشلىرى ئەمەلدارى (断事官) بولغان. بۇ ۋاقىتتىكى كېسىم ئىشلىرى ئەمەلىي 3-دەرىجىلىك مەنسەپ بولۇپ، ھۆكۈم ئېلان قىلىش،

جازالاش ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ شىنشىڭ مۇھىم مەنسەپ ئورنى بولغاچقا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە بۇ ۋەزىپىنى ۋەزىرلەردىن بىرسى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 85 - جىلد «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»-دە كۆرسىتىلىشىچە، شەھەردىن كېيىن ئىشلىرى ئەمەلدارى بولغان ۋاقىتلاردا مالىيەنى ياخشىلاپ، خەلق تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلغان، باج - سېلىقنى تۇراقلاشتۇرۇپ، پارىخور ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالىغان. شۇڭلاشقا شەھەردىن خەلقىمۇ، ھۆكۈمەتمۇ يارايدىغان ئىناۋەتدار ئەمەلدار بولغان.

«چيۇجيەندا توپلىمى» 81 - جىلد «مەركىزىي سارايدىكى ئىش خاتىرىسى»نىڭ 2 - قىسىم «جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى 6 - ئاي ماددىسى» دا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادى 1251 - يىلى مۆڭگىخان تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن شەھەردىن يەنجىڭ (بېيجىڭ) ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۈچ ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي ئىشلار باشقۇرغۇچىسى (总管) بولغان ھەمدە مەركىزىي ھۆكۈمەت نامىدىن ھەر قايسى ناھىيىلەرگىچە بېرىپ يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، ئادىل ئىش باشقۇرغانلارنى تارتۇقلاپ، خىيانەتچى، پارىخورلارنى جازاغا تارتقان. مۆڭگىخان سىچۈەنگە يۈرۈش قىلغاندا، شەھەردىن ئەسكەرلەرنىڭ ماشى ۋە يېمەك - ئىچمەك تەمىناتىغا مەسئۇل بولۇپ، غەلىبە قىلغانغا قەدەر تەمىناتنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويمىغان.

قۇبلايخان تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن، شەھەردىن يەنجىڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۈچ ئوبلاستنىڭ ھەربىي مەمۇرىي باش ئەمەلدارى بولغان. جۇڭتۇڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1261 - يىلى) دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. بۇ مۇئاۋىن ۋەزىر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى مەنسەپ بولۇپ، شەھەردىننىڭ دەرىجىسى ئۈسكەنبىرى ئورنىدىكى ئابرويىمۇ تەدرىجىي ئۆسۈپ، خان - ۋەزىرلەرنىڭ قاتلىمۇ - قاتلام تارتۇقلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

جىيۈەننىڭ 4 - يىلى (مىلادى 1264 - يىلى) شەھەردىن شەنشى، سىچۈەن ئىككى ئۆلكىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. جىيۈەننىڭ 7 - يىلى (مىلادى 1270 - يىلى) ئۇ ئىككى ئۆلكىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جىيادىڭدىكى قالدۇق قوشۇنلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان، قورۇقلۇق ھەم سۇ يولى بىلەن ئىلگىرىلەپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ داڭدار ئىككى سانغۇنىنى ئەسىر ئالغان ھەم 28 ئۇرۇش كېمىسىنى غەنىيمەت ئالغان. ئارقىدىنلا شىيۈەننىڭ سىياسىي مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا بەلگىلىنىپ، ئۇرۇش رايونلىرىدىكى بارلىق ھۆكۈمەت ئارمىيىلىرىنىڭ ماشىش ۋە تەمىناتىغا مەسئۇل بولغان.

جۇڭيۈەننىڭ 11 ـ يىلى (مىلادى 1274 ـ يىلى) قۇبلايخان شەمسىددىنگە: «يۈننەن مەن ئۆزەم كۆپ بارغان جاي. يېقىندىن بۇيان ئۇ جايغا ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلار زادىلا كارغا كەلمىدى. شۇڭلاشقا يەرلىكلەرنى تىنچلاندۇرۇش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. مەن ئېھتىياتچان ئادەمدىن بىرنى ئەۋەتىپ ئىدارە قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن. بۇنىڭغا سىزدىن مۇۋاپىق ئادەم يوقتەك قىلىدۇ...» دەپ شەمسىددىننى يۈننەننىڭ دىۋان ۋەزارەت مۇئەككىلى قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇ 63 ياشقا كىرگەن ئىدى. لېكىن ئۇ يۈننەندە ئالتە يىل جاپالىق ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما جۇڭيۈەننىڭ 16 ـ يىلى (مىلادى 1279 ـ يىلى) ئۇ شەنچەن مەھكىمىسىدە (بۈگۈنكى كۈنمىڭدا) كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇ يىلى ئۇ 69 ياشتا ئىدى.

II

ئوگداي خان تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا موڭغۇللارنىڭ جىن سۇلالىسىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. جىن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، كەيپىڭگە يۆتكەلدى. فېڭجۇ، چېڭجۇ، يۈنجۇ ئۈچ ئوبلاست ئەسلى جىن سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان مۇھىم بازىسى ھەم جىن سۇلالىسى بىلەن غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا سودا قىلىشىدىغان بازىرى بولۇپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى خېلى ئاۋاتلاشقانىدى. لېكىن جىن سۇلالىسى بىلەن يۈەن سۇلالىسىدىن ئىبارەت قارىمۇ ـ قارشى ئىككى كۈچنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ ئوبلاستلار ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. ياش شەمسىددىن بۇ ئۈچ ئوبلاستنىڭ دورغاچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا ـ سانائەت ئىشلىرى ئەسلىگە كېلىپ، گۈللىنىشكە يۈزلەندى [16].

يەنجىڭ نوپۇزلۇق مەنسەپدارلار مەركەزلەشكەن مۇرەككەپ جاي بولغاچقا، بۇ جاينى ئىدارە قىلىش ۋە پۇل ـ مۇئامىلە، يەر زېمىن مەسىلىسىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شەمسىددىن ئىلگىرى ـ كېيىن يەنجىڭغا كىم ئىشلىرى ئەمەلدارى، باش ئىش بېجىرگۈچى ۋە تەپتىش ئەمەلدارى بولغان ۋاقىتلىرىدا يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە مەنسەپدارلار، تۆرىلەرنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىگە يۈرەكلىك ھالدا زەربە بەرگەن. تەۋەلىكىدىكى بارلىق يەرلەرنىڭ مۇسانىنى ۋە مەھسۇلاتىنى ئېنىقلاپ، مەنسەپدارلار قانۇنسىز ئىگىلىۋالغان يەرلەرنى مۇسادىرە

قىلغان ھەمدە مەنسەپدارلار مەجبۇرىي ھالدا قول قىلدۇرالغان پۇقرالارنى قويۇپ بەر-
گەن. بەزى ھايانكەش، جازانىخور، سۇتخور سودىگەرلەرنىڭ پۇقرالارنى قاقتى-سوق-
تى قىلغان ئەھۋالىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرغان ھەم
پۇل-مۇئامىلە، باج ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغان. يەنە يالغان پۇل ياسىغان، شېرىكلە-
شىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلغان. دۆلەت كىرىمى-
نىڭ مۇھىم مەنبەسى — باج ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، پارىخور، خىيانەتچى
ئەمەلدارلارغا قاتتىق چارە كۆرگەن. پۇقرالارنىڭ يەر-چارۋا ۋە تۇرالغۇ جاي قاتارلىق
خۇسۇسىي مۈلۈكىنى ئىختىيارىي ئېلىپ-سېتىشقا يول قويۇپ، مۇۋاپىق باج تۈزۈمىنى
بېكىتكەن. شەمسىدىن يەنە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، تاشلىنىپ قال-
غان يەرلەرنى تېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن سىرت، ئېقىپ يۈرگەن ماكانسىز پۇقرالارنى
مەركەزلەشتۈرۈپ بوز يەر ئاچقان. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نەچچە مىڭ
مو يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات-
لارغا ئېرىشكەن. نەتىجىدە خەلق تۇرمۇشى بىر قەدەر ياخشىلىنىش بىلەن بىرگە دۆلەت-
نىڭ باج كىرىمىمۇ بىراقلا ئېشىپ، خان سارىيىدىكىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان.

شەمسىدىن دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ھەم دۆلەتلىك مالىيە مەھكىمىسىنىڭ
باش ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغان مەزگىللىرىدە، پۇل چىقىرىش ۋە تارقىتىشنى قاتتىق
تىزگىنلەپ، پۇلنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، مال باھاسى بىلەن تارقىتىلغان پۇللارنىڭ
نىسبىتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتەك بىر يۈرۈش چارە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۆلەت
مالىيەسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىغان. ئۇ ئۈچ يىل ئىچىدە جۇڭتۇڭ پۇلىدىن ئارانلا
24 تۈمەن قاداق تارقاتقۇزۇپ، پۇلنىڭ پاخاللىشى بىلەن مال باھاسى ئوتتۇرىسىدى-
كى ئۆتكۈر زىددىيەتنى يۇمشاتقان. ئۇ يەنە دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ھەر قايسى غەزنى-
لەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، باج كىرىمىنى ئاشۇرۇش، قالايمىقان پۇل چىقىم قىلماسلىق،
پۇقرالارنى قاخشاتماسلىق ۋە مال باھاسى بىلەن ھايانكەشلىكنى قاتتىق تىزگىنلەش-
تەك ئۈنۈملۈك سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، دۆلەت مالىيەسىنى زور دەرىجىدە ياخشىلى-
غان. غەزنىلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، ھەربىي چىقىم بىلەن ئۇرۇش قىلدۇۋات-
قان ئەسكەرلەرنىڭ مائاش، راسخوت قاتارلىقلىرىنى ئۆكسۈتۈپ قويمىغان. شۇڭا ئۇ
ئوردىنىڭ ئىنئام ۋە تارتۇقلىرىغا كۆپ قېتىم مۇيەسسەر بولغان.

## III

شەمسىدىن داڭدار مالىيە ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر-
بىي جەھەتتىن پىشقان ماھىر سىياسىئون ئىدى. ئۇ جۇرجىيۇەن يىللىرىدا شەنشى، سىچۈەن

قاتارلىق جايلارغا دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن ياكى يۈننەنگە دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، سىياسىي جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بولۇپمۇ يۈننەندىكى سىياسىي خىزمەتلەردە، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر.

شەمسىدىن شەنشىگە بارغاندىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە، پۇقرالاردىن 9 - مىڭ 565 ئائىلە، ھەربىي ئائىلىدىن 12 مىڭ 255 ئائىلە، باج كىرىمىدىن 6 مىڭ 225 قاداق پۇل، بوز بەرئېچىپ تېرىغان ئاشلىقتىن 1 مىڭ 721 دەن كۆپەيگەن. 331 قاداق پۇل ئىقتىساد قىلىنغان. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاشلىق يېتىشمەسلىك، ئەمەلدارلارغا بېرىلگەن ھۆكۈمەت خىراجىتى يېتىشمەسلىك، پۇقرالار قېچىپ كېتىشتەك ھەر تۈرلۈك ئەھۋاللار كۆرۈلگەندىن سىرت، تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قېلىپ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلار بولۇپ تۇرغان. ئەمما بۇ قېتىم شەمسىدىن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، باج كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئاشلىق ۋە باشقا ماددىي مەبلەغلەرنى زور مىقداردا ئىقتىساد قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆھپىسى ئوردىغا مەلۇم قىلىنىپ ئوردىنىڭ 5 مىڭ سەركۈمۈچ پۇل ئىنئامىغا ئېرىشكەن[1].

شەمسىدىن دەسلەپ يۈننەنگە بارغاندا، يۈننەننىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تېخى ئېنىق بېكىتىلمىگەن. بۇ ۋاقىتلاردا يۈننەننىڭ ئەڭ ئالىي ئەمەلدارى ھەربىي قوماندان بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا تۈمەنبېشى، مىڭبېشى ۋە يۈزبېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار بولمىغان. شۇڭلاشقا خەلق ئىشلىرى ۋە باشقا مەمۇرىي ئىشلارمۇ ھەربىي ئەمەلدارلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خان جەمەتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئاقسۆڭەكلەر گەرچە مەمۇرىي ئەمەلدار ھېسابلانسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باشقۇرۇش دائىرىسى ئېنىق بەلگىلەنمىگەچكە، شەخسىي مەنپەئەت تۈپەيلىدىن بولۇپ تۇرىدىغان زىددىيەتلەر ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. يەنە كېلىپ، يۈننەندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يەرلىك «پادىشاھ» لارنىڭ زۇلۇمى كۈچلۈك بولغاچقا، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقان، خەلق تۇرمۇشى نامرات بولۇپ، ھۆكۈمرانلارغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. شۇڭا، شەمسىدىن «ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىپ، ئارمىيە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدىغان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش لازىم، خەلق ئىشلىرى ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇق كۈچىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، مەمۇرىيەت ھەربىلەرگە رەھبەرلىك قىلىشى ۋە بۇيرۇق، ئەمىر - پەرمانلاردا بىرلىككە كېلىشى لازىم» دەپ قارىغان[1]. شۇنىڭ بىلەن شەمسىدىن جىزيۈەننىڭ 12 - يىلى (مىلادى 1275 - يىلى) خان ئوردىسىغا مەكتۇپ يوللاپ، ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىيەتنى ئايرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىش قۇبلايخاننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن مەمۇ-

رىي ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا سىياسەت يۈرگۈزۈشتەك باش - باشتاقلىق ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلىپ، شۈەنۋېيسى ( 宣慰司 ) بىلەن يۈەنشۇەيفۇ ( 元帅府 ) مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن ھەم مەمۇرىي ئۆلكىنىڭ ھوقۇقى كۈچەيتىلىپ، ھەربىي ئەمەلدارلار يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى باشقۇرالمايدىغان بولغان.

ھۆكۈمرانلىق ئورگىنىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئېنىق بېكىتىلگەندىن كېيىن شەھىدىن مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىپ، تەشكىلىي تۈزۈلمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تۈزۈلمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئەمەلدارلارنىڭ تۈمەنبېشى، مىڭبېشى، يۈز بېشىلەرنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتكەن، پۈتۈن يۈننەن ئۆلكىسىنى 37 رايون، ئىككى مەھكىمە (بۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئۈچ شۆبە مەھكىمە بولغان)، 54 ئوبلاست، 47 ناھىيىگە بۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ مەھكىمىسى بىلەن مەمۇرىي ئۆلكە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ھوقۇق ئايرىمىسى ئېنىق بەلگىلىنىپ، ۋاڭ مەھكىمىسى مەمۇرىي ئۆلكە ئۈستىدىن نازارەت قىلىدىغان ئورگان بولغان. شەمسىدىن ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى دالىدىن — شەنچەن (بۈگۈنكى كۇنمىڭ شەھىرى كونا بازىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى سىرتىدا) گە يۆتكىگەن. شۇندىن باشلاپ يۈننەننىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى يېڭىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئايرىلماس بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى بولغان. بۇ قېتىم شەمسىدىن تەسىس قىلغان ناھىيە ۋە رايونلار مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىمۇ ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالغان، يېقىنقى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدىكى يۈننەن ئۆلكىسىدە بار بولغان 108 ناھىيە ئىچىدىكى 57 ناھىيە ئەسلىدە شەمسىدىن تەسىس قىلغان ناھىيىلەر ئىدى.

IV

شەمسىدىن يۈننەنگە ئۆلكە باشلىقى بولۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى يۈننەننىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، يوچتا، ھەربىي ئىشلىرى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى، مەسىلىلەر، مۇناسىۋەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان. يۈننەننىڭ تەبىئىي خەرىتىسىنى سىزدۇرغان. رەسمىي يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرىنى ئاڭلاپ «ھەممە ئىش دۆلەتكە پايدىلىق، خەلققە قولايلىق بولۇشى كېرەك» دېگەن. شەمسىدىن يەرلىك دېھقانلار بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە: «ھەن سىلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشتىكى بەزى قىيىنچىلىقلىرىڭلارنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىپ، سىلەرگە كالا، ئۇرۇقلۇق، ساپان ...... قاتارلىق دېھقانچىلىق ۋاسىتىلىرىنى قەرز بېرىمەن، سىلەرچە بىرمۇ يەردىن قانچىلىك ھوسۇل ئالغىلى بولار؟» دەپ سورىغاندا، دېھقانلار:

«ھەرموسىمدىن ئىككى دەن شال ئالغىلى بولىدۇ.» دەپ جاۋاب بېرىشكەن. شەمسىددىن دېھقانىلاردىن: «ھۆكۈمەتكە قانچىلىك ئاشلىق تاپشۇرالايسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، دېھقانلار: «بىردەنلا تاپشۇرالايمىز» دەپ جاۋاب بېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن شەمسىددىن: «بەك ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ. سىلەر كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلارنى قامداشقا ئامالسىز قالغىدەكسىلەر، ئەگەر كېيىن يەنە چارۋا ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى قەرز بېرىلمىسە، كالا ئۆلسە پۇل خەجلەپ كالا سېتىۋالسىلەر. سايمان بۇزۇلسا پۇل خەجلەپ رېمونت قىلدۇرسىلەر. يەنە كېلىپ بىر ئائىلىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك قاتارلىق خىراجەتلىرى بار. ئۆزەڭلەرگە قالدۇرۇلغان بىر ئۆلۈش ئاشلىق بارلىق چىقىمىڭلارغا يېتەمدۇ؟» دېگەندە، دېھقانلار: «ئەمىسە ئۈچتىن بىر قىسمىنى تاپشۇرساق كۇپايە قىلار» دېيىشكەن. شەمسىددىن يەنە: «گەرچە سىلەر ئۈچتىن بىرىنى تاپشۇرايلى دەپ ۋەدە قىلغىنىڭلار بىلەن، مەن سىلەرنىڭ ئاچ - يالىڭاچ بالىلىرىڭلارنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەيمەن. كېيىن مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىر ئەمەلدار كەلگەندە سىلەر شۇنداق ئۈچتىن بىر قىسمىنى تاپشۇرۇڭلار. بۇنداق بولمىغاندا ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ئۈچمەنلىك كۈچىيەمدۇ؟ مېنىڭچە سىلەرمۇ بېشىدىن ئىككى دەن ھوسۇل ئالالمىساڭلار ھۆكۈمەتكە پەقەتلا ئىككى كۈرە تاپشۇرساڭلار بولىدى ...» دېگەندە دېھقانلار باش كىيىمىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ، ناھايىتى خۇشال بولۇشقان ھەم شەمسىددىننى ماختاشقان. ئەمما بۇ چاغدا يەنە بىر خىل قىيىنچىلىق مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، دېھقانلار: «ئىجارىغۇ يېنىكلىدى، يول ناھايىتى يىراق ھەم ئەسكى بولغاچقا، ئىجارە تاپشۇرۇشقا ئامال بولماي ۋاتىمىدۇ» دېيىشكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىجارە ئاشلىقى كىراسى بىلەن ھارۋىغا قوشقان ئات - كالىلارنىڭ باھاسى تەڭلىشىپ قالغانىدى. شۇڭا شەمسىددىن ئىجارە ئاشلىقى ئۈچۈن چارۋا ياكى كۈمۈش تاپشۇرسا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن ㉑.

يىغىپ ئېيتقاندا، شەمسىددىننىڭ يۈننەن مەمۇرىي ئۆلكىسىدە يۈرگۈزگەن سىياسىتى «ھاشار - سېيىنى ئازايتىش، تارقىلىپ يۈرگەن بىكارچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېتىم - يېسىرلارغا نەپىقە بېرىش، كۆزگە تەلىماتىنى جانلاندۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دانىشمەن - ئۆلىمالارنى ھۆرمەتلەش، ئارتۇقچە ئەمەلدارلارنى قىسقارتىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، پۇل تارقىتىش، يول ياساش، پوچتا بېكەتلىرى ۋە ئۆتەڭلەرنى ياخشىلاش، باج - سېلىقنى يەڭگىللىتىپ پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش» تىن ئىبارەت بولغان. شەمسىددىن يەنە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يۈننەن تەۋەسىدە جەمئىي 12 ئورۇندا مەخسۇس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرىنى قۇرغان ㉒.

شەمسىدىن يۇننەندىكى ئەسكەر ۋە خەلق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنى بېكىتكەندىن كېيىن، تۇمەنبېشى ۋە مىڭ بېشىلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا يەنە شەخسلەر بىلەن ئېقىپ يۈرگەن ئىشسىزلارنى ئاساس قىلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەترەتلىرىنى قۇرغان. ئۇلار ئاساسەن، يۇننەننىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسىملىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن.

تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە 28 مىڭ 149 ئائىلە (جۇملىدىن ھەربىي ئائىلە) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قاتنىشىپ 384 مىڭ 161 مو يەرنى ئاچقان، بۇنىڭدىن شەمسىدىن ئۆلكە باشلىقى بولۇپ تۇرغان چاغدا 208 مىڭ 632 مو يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن. شۇ ۋاقىتتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا يەر ئاچقۇچىلارنىڭ «شەخسىي يەر»، «ئەمەلدار بەرگەن يەر» ۋە «ئەمەلدار بەرگەن ئىگىسىز قاقاسلىق يەر» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان يەرلىرى بار ئىدى. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا يۇننەندە دېھقانلار بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مو سانى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. شەمسىدىن يەنە شىنجاڭ ۋە باشقا رايونلاردىن ئەلا سورتلۇق زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى كىرگۈزگەن. شۇندىن كېيىن يۇننەنلىكلەرنىڭ قورسىقى تويىدىغان، ئۈچىسى يالىڭاچ قالمايدىغان بولۇپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان.

شەمسىدىن سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. دەسلەپ ئۇ، شەنچەن ۋىلايىتىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى سىستېمىلىق ھەم بىخەتەر لايىھەلەتكۈزۈپ، ئاندىن ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، رەسمىي ئىش باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا شەنچەن شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر يۇننەن ئۆستەڭگە تايىنىپ سۇغۇرۇلاتتى. قۇرغاقچىلىق بولاتتى، ئەمما شۇ ئەتىشى رايوندا بولسا سۇ ئاپىتىنىڭ دەستىدىن ياشىغىلى بولمايتتى. قىسقىسى، بەزى جايلاردا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ تۇرسا، يەنە بەزى جايلارغا سۇ ئاپىتى ۋەھىمە سالاتتى. شەمسىدىن بىرىنچى قەدەمدە شەنچەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئۇ جايلاردىكى سۇچىلىققا دائىر ئىشلارنى تەرتىپكە سالغان. ئىككىنچى قەدەمدە، پەنلۇڭجياڭ دەرياسىدىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەم ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان ھەم دەريا سۈيىدىن نورمال پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن. ئۈچىنچى قەدەمدە يۇننەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاغلىقلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان «بۇلاق» نىڭ سۈيىنى تەرتىپكە سالغان. تۆتىنچىدىن، جىڭ ماشەن تېغى ئاستىغا سۇ ئاخىزا تۇسمىسى ۋە چۈشۈرگۈسى ياساپ، سۇ بۆلگۈچ ئەسۋابلىرى ئورۇنلاشتۇرغان، بۇ غايەت زور تىپتىكى سۇ قۇرۇلۇشى ھەم كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىدىغان ھەم ھەرقايسى رايونلارغا

بارىدىغان سۇ مىقدارىنى تەڭشەپ بېرىدىغان مۇھىم سۇ بازىسى ئىدى. بەشىنچىدىن، ئۇزۇنلۇقى نەچچە مىڭ مېتىر كېلىدىغان جىنچۈي قانىلىنى قازدۇرغان. قانالنىڭ كەڭلىكى بىر جاڭ ئىككى چىدىن بىر جاڭ ئالتە چىچىلىك بولۇپ، قانال توسمىنى بويلاپ يەنە ئون ئورۇنغا كىچىك ئىپتىكى چۈشۈرگە ياساتقان. بۇندىن باشقا يەنە باۋشاڭ، مالىياۋ قاتارلىق ئالتە سۇنئىي قانالنى ياساتىپ، پۈتكۈل يۈننەننىڭ سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يۈەن سۇلالىسى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزگەن.

شەمسىدىن پۇقرالارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىلھام، مەدەت بېرىپ، يۈننەن مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ، يۈننەن ئۆلكىسىنى باشقۇرغان قىسقىغىنە ئالتە يىل ئىچىدە، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى 17 ھەسسە، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى 12 ھەسسە، نوپۇسى 8 ھەسسە ئاشقان ①.

ئۇ يەنە قاتناش ترانسپورت ۋە پوچتا ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. تاغ يوللىرىنى ياساتىپ، كۆۋرۈكلەرنى سالدۇرۇپ، قۇرۇقلۇق ۋە سۇ قاتنىشىنىمۇ راۋانلاشتۇرغان. ئۇ دەسلەپ يۈننەنگە كەلگەندە سۇ يولى قاتنىشى ۋە پوچتا بېكەتلىرى ئىنتايىن ناچار ۋە قالاق ئىدى. ھەتتا خان يارلىقلىرىنىمۇ ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە مۇمكىن بولمىغان. شۇڭا ئۇ يىراق تاغ يوللىرىغا ۋە ئادەم بارمايدىغان قاقاس چۆللۈكلەرگە پوچتا بېكەتلىرى ۋە قونالغۇ جايلارنى ياساتىپ، مەخسۇس ئادەم تۇرغۇزغان. جۈ يۈەننىڭ 13 - يىلىدىن 15 - يىلىغىچە (مىلادى 1276—1278 - يىللار) ئارىلىقتا ئۇ، ۋۇمىڭ (بۈگۈنكى شياۋتوڭ) نىڭ باش ئەمەلدارى ئەيلۇغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ شەنچەندىن ۋۇمىڭغا، ۋۇمىڭدىن شۇجۇغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پوچتا يوللىرىنى يېڭىباشتىن رېمونت قىلىپ ياسىتىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يۈننەن مەمۇرىي ئۆلكىسىگە تەۋە جايلارغا خېلى كۆپ پوچتا بېكەتلىرىنى ياساتقۇزغان ۋە ئەسلىدە بار بولغان كونا بېكەتلەرنى رېمونت قىلدۇرۇپ، شارائىتىنى ياخشىلىغان. قىسقىغىنە ئۈچ يىل ئىچىدە كۆپلىگەن پوچتا بېكەتلىرى ۋە ئالاقىلىشىش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، يۈننەن، سىچۈەن ۋە گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ پوچتا ئالاقە تورلىرى شەكىللەنگەن. شەمسىدىننىڭ پوچتا ئالاقە ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى نەتىجىسىدە، يالغۇز يۈننەن مەمۇرىي ئۆلكىسىگە تەۋە جايدىلا 78 ئورۇندا پوچتا بېكىتى قۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 74 ئورۇندىكىسى ئات بىلەن، تۆت ئورۇندىكىسى سۇ يولى بىلەن خەت ئالاقە توشۇيدىغان بېكەت ئىدى. ئومۇمەن يول، كۆۋرۈك ۋە پوچتا بېكەتلىرىنىڭ ياسىلىشى يۈننەننىڭ تارىختىن بۇيانقى بېكىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، يۈننەننىڭ مەركەز ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر بىلەن

بولغان ئالاقىسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن.

شەمسىدىن يۈننەننىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان. چۈنكى يۈننەن چېگرا رايون بولماچقا، تارىختىن بۇيانقى ئۇرۇش - نىزالار تۈپەيلىدىن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي تاپالمىغان ئىدى ھەتتا يۈەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكىچە مەكتەپمۇ بولمىغان. جۈ يۈەنسىنىڭ 13 - يىلى (مىلادى 1276 - يىلى) شەمسىدىن شەنچەن ۋىلايىتىنىڭ ۋۇخۇسەن دېگەن يېرىگە بىر مەكتەپ سالدۇرغان ھەم مەكتەپكە 50 مو يەر ئاجرىتىپ بەرگەن. كېيىن يەنە ئەمەلدارلار يېرىدىن 33 مو يەر ئاجرىتىپ بەرگەن، بۇ مەكتەپتە ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى ئوقۇغان. شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ دەرس ئۆتكۈزگەن. شەمسىدىن شۇ قاتاردا يەنە كۇڭزى ئىبادەتخانىسى ۋە مىڭتاڭ ئىبادەتخانىلىرىنى ياسىتىپ، كۇڭزىچى ئۆلىمالارنى كۆككە كۆتەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ توي، دەپنە مۇراسىملىرى ۋە باشقا ئۆرپ ئادەتلىرىنى يەرلىك مىللەتلەرگە چۈشەندۈرگەن. شەمسىدىن يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شەنچەن، دالى، چۈشيۇڭ ۋە چۇ چېڭ قاتارلىق جايلاردا 30 دىن كۆپرەك مەكتەپ ئاچقۇزغان. يۈننەننىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا مۇسۇلمان رەسەتخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاسترونومىيە ئىشلىرىنى يولغا قويغان. دوختۇرخانا ۋە دورا دۇكانلىرىنى تەسىس قىلغان. شىنجاڭنىڭ ئىلغار توقۇمىچىلىقىنى يۈننەنگە تارقاتقان ۋە يولغا قويغان.

V

شەمسىدىن يىراق چېگرا رايون يۈننەندە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا بىۋاسىتە سەۋەبچى بولغان. ئۇ يۈننەنگە كېلىشتىن ئىلگىرى گەرچە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى يۈننەنگە كەلگەن ۋە كەڭ - كۇشادە سودا - سېتىق، ساياھەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جايدا يىلتىز تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. شەمسىدىن يۈننەنگە كەلگەندىن كېيىن بۇ جايغا كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ ئاستا - ئاستا ماكانلىشىشقا باشلىدى ۋە خېلى بىر زامانلارغىچە تۈركۈم - تۈركۈملەپ، ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ماكانلىشىپ، تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇلارنىڭ بەزىسى بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلسا، بەزىلىرى يۈننەن مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن. يەنە بەزىلىرى بولسا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يۈننەندە بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشى ۋە يىلتىز تارتىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈننەندىكى

تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئاساس ياراتقان. ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت ۋە مەھەللىلەر «ئۇيغۇر مەھەللىسى»، «ئۇيغۇر قونالغۇسى» دەپ ئاتالغان. مىللەت بىلەن دىنىنىڭ تەرەققىياتى تارىختا ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، شەمسىددىنىنىڭ يۈننەنگە كېلىشى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ يۈننەنگە كېلىشى تۈپەيلىدىن، ئىسلام دىنىمۇ تەبىئىي ھالدا يۈننەنگە تارالغان. جۇيۈەنىڭ 15-يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلار نىسبەتەن زىچراق مەركەزلەشكەن شەنچۈەن رايونىدىلا 12 ئورۇندا مەسچىت ياسالغان. بۇلارنىڭ بەزىسىنى شەمسىددىن ياساتقان بولسا، يەنە بەزىسىنى يەرلىك ئۇيغۇرلار ياساتقان. ھەر قايسى مەسچىتلەردە مەخسۇس تۇرۇشلۇق ئىمام ۋە مەزىنلەر بولۇپ، ناماز ئوقۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان ھەم نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بولۇپ تۇرغان. كېيىنچە بۇجايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مەسچىتلەرمۇ كۆپلەپ سېلىنىش بىلەن بىللە، ھەيۋەتلىك مەدرىسلەر سېلىنىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىدىن دەرسلەر ئۆتۈلگەن. ئومۇمەن ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام دىنى خېلى بىر زامانلارغىچە ناھايىتى ئەركىن راۋاجلانغان. بۈگۈنكى كۈندە يۈننەن ئۆلكىسىدە ساقلىنىۋاتقان جىڭيى رايونىدىكى جەنۇبىي شەھەر مەسچىتى بىلەن جىنبى رايونىدىكى يۈڭنىڭ مەسچىتىنى ئەنە شۇ زامانلارنىڭ تارىخىي يادنامىسى سۈپىتىدە مىسال قىلىش مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتا، يۈننەنىڭ شەنچەن بازىرىدا زىيارەتتە بولغان ماركوپولومۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ 2 - جىلدىدا، شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپلىكى ۋە بىر قانچە جايدا مەسچىت بارلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە پارس تارىخچىسى راشىددىنىنىڭ تارىخنامىسى بىلەن دوسان يازغان موڭغۇل تارىخىدىن بۇ ھەقتە يېتەرلىك مەلۇماتلارنى ئالغىلى بولىدۇ.

## VI

شەمسىددىن ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردىمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىيونلۇق سالاپىتىنى تولۇق نامايەن قىلغان. شەمسىددىن جۇيۈەنىڭ 7 - يىلى (مىلادى 1270 - يىلى) سىچۈەننى مۇداپىئە قىلىپ سۇڭسۇلالىسى سانغۇنى ۋەنشيۇ بىلەن تىركىشىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ قارشى تەرەپكە سەمىمىيەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان، بەلكى سۇڭسۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تەۋە جايغا باستۇرۇپ كىرمەي ۋەنشيۇنى خاتىرجەم قىلغان. كېيىن شەمسىددىن سىچۈەندىن قايتىدىغاندا سۇڭسۇلالىسى سانغۇنى ۋەنشيۇ ئۇنى زىياپەتكە

چاقىرغان. شەمسىددىن مېڭىش ئالدىدا قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ناھايىتى ئەنسىرىگەن ھەم زىياپەتكە بىللە بارغانلار تاماققا ئېغىز تېگىش ئالدىدا ئۇنىڭغا: «زەھەر بولۇشى مۇمكىن، يېگىلى بولمايدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىشقان. شەمسىددىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «سانغۇن ۋەنشىيۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلالارمۇ؟ ئاۋادا قىلالىسىمۇ سۇلالىمىزدىكىلەرنى تۈگىتەلەمدۇ؟» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا مەردانە جاۋاب بەرگەندە، سۆڭ سۇلالىسى سانغۇنلىرى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشىپ، شەمسىددىننىڭ جاسارىتىگە قول قويۇشقانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

شەمسىددىن قۇبلايخاننىڭ خىزمەت تەقسىماتىغا ئاساسەن سىچۈەندىن ئايرىلىپ، يۈننەنگە بارماقچى بولغاندا، يۈننەننى قوغداۋاتقان ھەربىي ئەمەلدار تۇۋۇلۇ ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش نىيىتىدە ھەربىي تەييارلىق قىلىپ، شەمسىددىننىڭ كېلىش يولىنى توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن شەمسىددىن تۇۋۇلۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «مەن تەڭرىزادىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن يۈننەننى ئىدارە قىلغىلى كېلىمەن، ھەر قانداق مۇھىم ئىشىڭىز بولسا ئادەم ئەۋەتىپ مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ» دېگەن. تۇۋۇلۇ ئىككى نەپەر ئىشەنچلىك ئادىمىنى ئەۋەتكەن، ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلغاندىن كېيىن، شەمسىددىن ئۇلارغا ئۇنىۋان بېرىپ يولغا سالغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تۇۋۇلۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئەسلىدىكى نىيىتىدىن يانغان ھەم شەمسىددىنگە قايىل بولۇپ ئۇنىڭغا: «پەقىر سەئىدئەجەلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئادىل يول تاللىدىم، دىيانەتكە ئېرىشتىم، نام - شۆھرەتلىرىنى ئاڭلاشتىن ئىلگىرىكى ئۇقۇشماسلىقلارنى مەغپىرەت قىلسىلا» دېگەن. شۇندىن كېيىن ئۇ شەمسىددىننىڭ كېلىپ سىياسىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەم بۇيرۇقنى ئاڭلايدىغان بولغان[20].

شەمسىددىن يۈننەننىڭ باش ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغاندا. خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى لۇنى رايونىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بۇيرۇقنى رەت قىلىپ، ئۆلكىگە بويسۇنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. شەمسىددىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلار مۇستەقىللىق داۋاسى قىلسا قوشۇن ئەۋەتىپ بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى جاكالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن شەمسىددىن غەزەپلىنىپ ئەسكەر باشلىقىغا قان تۆكمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئۇلارنى ئەل قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتىشنى بۇيرۇغان. قوشۇنلار لۇنى بازىرىغا يېتىپ بېرىپ ئۈچ كۈن تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما لۇنىلىقلار ئەل بولمىغان. ئەسكەر باشلىقى لۇنىلىقلار ئۈستىگە قوشۇن تارتىشقا رۇخسەت سورىغان، شەمسىددىن يول قويمىغان، بەلكى ئادەم ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلدۇرغان. نەتىجىدە ئۇلار ئەل بولۇشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۈچ

كۆنگچە ھېچقانداق شەپە بولمىغان. ئەسكەر باشلىقى قورال كۈچى ئىشلىتىشكە
رۇخسەت سورىغان. شەمسىدىن بۇقېتىممۇ رۇخسەت قىلمىغان. شۇ ئارىلىقتا ئالدىرا-
ڭغۇ ئەسكەر باشلىقىدىن بىرى لۈنىلىقلار ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرگەن. شەمسىدىن
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش بىلەن بىرگە،
باشلامچى بولۇپ ئالدىدا ماڭغانلارنى ئەيىبلەپ: «مەن تەڭرىزادىنىڭ پەرمانىغا ئاسا-
سەن يۈننەننى تىنچلاندۇرغىلى كەلگەن، ئادەم ئۆلتۈرگىلى كەلمىگەن. باش قوماندان-
نىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، ئۆزى بىلگەنچە ئەسكەر چىقارغانلار ھەربىي
قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ» دەپ، نەق مەيداندىلا ھەربىي ئەمەلدارنى قاتتىق جازا-
غا تارتقان. بۇ ئىش ناھايىتى تېزلا لۈنىلىقلارنىڭ باشلىقىغا ئاڭلىنىپ، ئۇنى
تەسىرلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «سەئىد مۇئەككەلنىڭ كۆڭلى - كۆك-
سى كەڭ ئىكەن، بىز يەنە بۇيرۇقنى رەت قىلساق ياخشىلىققا ئىگە بولالمايمىز»
دەپ شەھەردىن چىقىپ ئۇلارغا ئەل بولغان. شۇنداق قىلىپ شەمسىدىن بۇ قېتىمقى
ھەربىي يۈرۈشىدە بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرمەيلا ناھايىتى زور غەلىبىلەرنى قولغا
كەلتۈرگەن. بۇ خەۋەر يۈننەننىڭ غەربىي، جەنۇبىي رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىغا
تارقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ مەمۇرىي ئۆلكىنىڭ
بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن. كونا رەس-
مىيەت بويىچە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى نۇرغۇن مال - دۇنيالارنى ئېلىپ سالامغا كەلگەن.
شەمسىدىن بۇ نەرسىلەرنى قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا ۋە نامرات پۇقرالارغا
تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۆزى بىرنىمۇ ئالمىغان ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر باشلىق-
لىرىغا زىياپەت بېرىش بىلەن بىللە، ئۇلارغا كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى
ھەدىيە قىلغان. دېمەك، شەمسىدىن يۈننەننى ئىدارە قىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇ
جايلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلانغان.

لېكىن يۈننەندىكى بىر قىسىم جايلارنىڭ يەرلىك مۇتەئەسسىپلىرى شەمسىدىن
كەلگەندىن كېيىن مەنسىپىدىن ئايرىلىپ، پۇقرالاردىن نەپ ئالالمىغان. شۇڭا، ئۇلار
يامان نىيىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرۈشكەن. بىر قېتىم شەمسىدىن يىراقتىكى بىر
ۋىلايەتكە مەسىلە ھەل قىلغىلى كەتكەندىن، ئۇلار پۇرسەت تېپىپ خان ئوردىسىغا
بارغان ھەم قۇبلايخانغا «شەمسىدىن مۇتەئەسسىپلەشتى» دەپ شىكايەت قىلغان.
قۇبلايخان ئۇلارغا: «سەئىد ئەجەل دۆلەتنىڭ مۇھىم سىياسىي ئىشلىرىغا ئەستايىدىل
كۆڭۈل بۆلىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان توغرا نىيەتلىك ئادەم، مەن ئۇنى ئوبدان
بىلىمەن» دەپ، شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرنى شەمسىدىننىڭ ئۆز قولى بىلەن جازالىشى
ئۈچۈن يۈننەنگە پالىغان. ئەمما شەمسىدىن ئۇلاردىن ئۆچ ئالمىغان. ئۇلارنى

قىيناتقۇزمىغان ۋە ئۇلارغا: «سىلەر مېنى بىلمىگەن بىلەن ئۇلۇغ خانىمىز ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ماڭا مۇشۇنداق چوڭ ئەمەل بەرگەن. مەن سىلەرنى گۇناھكار دەپ قارىمايمەن، بەلكى ئەمەل بېرىمەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەمسىدىنگە باش ئۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قايتا ئەمەلگە ئېرىشكەنلىكىگە مەمنۇن بولغان ھەم توغرا نىيەتلىك ئادەم بولۇشقا ۋەدە بەرگەن[26].

قىسقىسى، شەمسىدىن يۈننەن ئۆلكىسىنى ئىدارە قىلىش جەريانىدا، مەيلى سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىكى چوڭ ئىشلاردا بولسۇن ياكى مۇھىم مەسىلىلەردە بولسۇن پرىنسىپتا چىڭ تۇرغان. ئۇرغۇن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزۈپ زور يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

مىلادى 1279 ـ يىلى ئۇ ھازىرقى كۇنمىڭ شەھىرىدە ۋاپات بولغاندا داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ھەم خەلق شائىرلىرى تەرىپىدىن: «پۇقرالار يىغلىشار خالتا كوچىدا. شەمسىدىن ئۆلگەچكە خەلق يولىدا» دەپ تەسۋىرلەشكەن[27]. خان ئوردىسىدىن ئۇنىڭغا «تۆھپىكار ۋەزىر»، «خان ئۇستازى»، «باشلامچى سەركەردە»، «دۆلەت تۈۋرۈكى»، «ساداقەتلىك تۆرە» دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلگەن. شەمسىدىننىڭ ئەۋلادلىرى 4 ـ ئەۋرىسىگىچە يۈننەن مەمۇرىي ئۆلكىسىنى ئىدارە قىلغان. ئۇنىڭ نەسىردىن، ھەسەن، خۇشىن، مەسئۇد ۋە جەمشىدىن، ئۇرمۇلى قاتارلىق بەش ئوغلى بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسى مۇئەككەل (ۋەزىر بىلەن ئوخشاش)، ئەڭ تۆۋىنى باش ئىش بېجىرگۈچى بولغان[28].

ئىزاھلار:

(1) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 6 ـ جىلد «قۇبلايخان توغرىسىدا خاتىرە» III

(2) (3) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 205 ـ جىلد «ئەھمەت تەزكىرىسى».

(4) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 97 ـ جىلد «يىمەك ـ ئىچمەكلەر تەزكىرىسى».

(5) جاڭ سىپەن (1238 ـ 1280) خېبېي ئۆلكىسىدىن بولۇپ، ئۇ يۈەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن گېنېرال. مەزكۇرنىڭ ھاياتى ـ پائالىيىتى ھەققىدە «ئوكيانۇس» (تارىخ قىسمى) نىڭ 348 ـ بېتىدە تەپسىلىي توختالغان.

(6) سۇتيەنجۆن: «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ۋەزىر، ئەمەلدارلار توغرىسىدا خاتىرە» 7 ـ جىلد.

(7) 4 ـ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

(8) (9) 2 ـ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

(10) 1 - ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

(11) 2 - ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

(12) 6 - ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

(13) (14) (15) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 205 - جىلد «ئەھمەت تەزكىرىسى».

(16) بەي شۈيى: «خۇيزۇلارنىڭ تارىخى شەخسلىرى تەزكىرىسى»، 1985 - يىل 7 - ئاي. نىڭشيا خەلق نەشرىياتى نەشرى 14 - بەت.

(17) (18) (19) (20) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 1976 - يىل جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان نۇسخىسى.

(21) (22) يۇقىرىقى كىتابنىڭ 85 جىلد «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى».

(23) (24) چاۋزىيۈەن: «سەئىد مۇئەككەلنىڭ ئائىلەتلىك تۆھپىنامىسى». لى يۈنىياڭ «يۈننەننىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 15 - جىلد «ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى».

(25) (26) سۇتيەنجۈن: «يۈەن سۇلالىسىدىكى مەشھۇر ئەمەلدارلار توغرىسىدا خاتىرە».

(27) چېن يۈەن: «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە مۇھاكىمە» 1934 - يىل.

(28) 23 - ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» تەتقىقات كومىتېتى